ئەسەرلەر گۈلىستانى

# ئاقىللارنىڭ ئادىتى سۈكۈت

(«پەندنامە»، «ئىلاھنامە»)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئاقىللارنىڭ ئادىتى سۈكۈت

(«پەندنامە»، «ئىلاھنامە»)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

智慧者寡言：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3

（经典之花系列丛书）

ISBN 978-7-80744-776-4

Ⅰ. 智… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 维吾尔族—谚语—汇编—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024500 号

**丛书名** 经典之花系列丛书
**本册书名** 智慧者寡言
**策划** 穆拉提·伊力
**主编** 阿迪力·穆罕默德
**编著** 艾则孜·阿塔伍拉·萨尔特肯
**责任编辑** 艾尼瓦·库迪力克
**特约编辑** 哈斯亚提·依不拉音
**责任校对** 克尤木·吐尔逊

**出版** 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社

**地址** 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
**邮编** 830000
**发行** 新疆维吾尔自治区新华书店
**印刷** 新疆新华印刷厂
**开本** 880×1230 毫米 1/32
**印张** 3.125
**版次** 2009 年 3 月第 1 版
**印次** 2009 年 3 月第 1 次印刷
**书号** ISBN 978-7-80744-776-4
**定价** 9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: ئاقىللارنىڭ ئادىتى سۈكۈت
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-776-4
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئاقىللارنىڭ ئادىتى سۈكۈت» دېگەن كىتابتا 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ھاياتى ۋە «پەندىنامە»، «ئىلاھىنامە» ناملىق ئەسەرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ھاياتى

دۇنيادا ئۆز قوينىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ شان - شۆھرىتى ئارقىلىق ئالەمگە تونۇلغان، شۇ سەۋەبتىن ئىسمى ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار ئىلكىدە تىلغا ئېلىنىدىغان نۇرغۇن شەھەرلەر بار. ئەنە شۇنداق شەھەرلەرنىڭ بىرى نىشاپۇردۇر.

نىشاپۇر ئۇزاق، شۇنداقلا سەلتەنەتلىك تارىخقا ئىگە شەھەر ئىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ شەھەردىن ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە كۆپلىگەن ئالىم - ئۆلىمالار يېتىشىپ چىقتى، ھەتتا باشقا ئەل ۋە شەھەرلەردىن بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ شەھەرگە كېلىپ، ئىلىم ئالماشتۇرۇش ياكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. نەتىجىدە بۇ شەھەر شەرقتىكى مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئىسمى ئەل ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەرقايسى تارىخي، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھۆرمەت بىلەن زىكرى قىلىندى. يۈكسەك مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ خىل مۇھىت نىشاپۇرنىڭ شەۋكىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ئىدى. ئەنە شۇ شەۋكەتلىك شەھەر — نىشاپۇر ئەتراپىدا ئىبراھىم

ئىسىملىك تەقۋادار بىر مۇسۇلمان ئىستىقامەت قىلاتتى. ئىبراھىم ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا يۇقىرى دەرىجىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ سىر - ئەسرارلىرىدىن بەلگىلىك سەۋىيىدە خەۋەردار، سەممىي دىيانەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ قۇتبىددىن ھەيدەر ئىسىملىك مەشھۇر دەرۋىشتىن دىنىي ئىلىملەر، بولۇپمۇ تەرىقەت تەلەپلىرى بويىچە تەلىم ئالغان بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىگە خاس مەۋقە بىلەن تۇرلۇك ئىنسانىي پەزىلەت ۋە پرىنسىپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھالال - پاك ياشاشقا تىرىشاتتى.

ئىبراھىمنىڭ ئەتتارلىق يەنى خۇش پۇراق بۇيۇملار ۋە دورا - دەرمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۇكىنى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ دائىم دېڭىزدەك يېقىن - يىراق شەھەرلەرگە بېرىپ، ئىپار، مۇشكى ئەنبەر دېگەندەك خۇش پۇراق بۇيۇملار ھەمدە قىممەت شىپالىق دورا ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كېلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. يېقىن ئەتراپتا ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ دۇكىنىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئىبراھىم ئۇچۇن زېمىن يېرىلىپ ئاسمان لەرزىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇنىڭ مۇراد - مەقسەتلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ قەلبىدە بىر قۇياش پارلىدى. گويا ئۇزۇن يىللىق تائەت - ئىبادىتى ۋە تىلەكلىرى مەقبۇل بولغاندەك بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. ئۇ ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىنايەت - ئىلتىپاتىغا چەكسىز شۈكرانىلار ئېيتىپ ئوغلىغا مۇھەممەد دەپ، رەسۇلىللانىڭ

ئىسمىنى قويدى، ئەتراپتىكى يېتىم - يېسىرلارغا ئېھسان - سەدىقىلەر قىلدى.

ئىبراھىمنىڭ خۇشاللىقى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى ئۈزۈپ قويمايدىغان بىر ئىزباسارنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن قەۋەتلا رازى ئىدى. مۇھەممەد چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ئىلكىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپتىكى ھەر خىل نەرسىلەرگە بۆلەكچىلا قىزىقىشى، تىنماي سوئال سوراشلىرى ۋە زېرەكلىكى ئىبراھىمغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلاتتى. ئىبراھىم مۇھەممەدنى نىشاپۇردىكى ئەڭ ئۆتكۈر ئۆلىمالارنىڭ قولىدا ئوقۇتتى. مۇھەممەد مەدرىسىنى تاماملاپ، تازا يېتىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان، ئەخلاقىي، ئەقلىي ساپا ۋە ئۆزىگە خاس دىت بىلەن ئەل - جامائەتنىڭ نەزىرىگە چېلىقىشقا باشلىغان چاغلاردا دادىسى ئىبراھىم بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد دادىسىنىڭ ئەتتارلىق خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلىشقا باشلىدى. مۇھەممەد ئاتا كەسپىگە زور ئىخلاس ۋە ۋارىسلىق قىلدى. تىجارەتتە ئاتىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە دىيانەت ۋە ھالاللىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، خۇددى دادىسىدەكلا كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ تىجارىتى كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىپلا قالماي، ئۆزىمۇ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشىگە، ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى ۋە ئەل ئارىسىدا ئەتتار دېگەن نام بىلەن تونۇلدى.

بىر كۈنى مۇھەممەدنىڭ دۇكىنى ئالدىدا دەرۋىشلەرگە خاس يېلىڭ - يىرتىق كىيىنگەن بىر دىۋانە پەيدا بولدى. ئۇ

ھەر خىل خۇش پۇراق بۇيۇم ۋە دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن تونۇلغان دۇكانغا، ئايىغى ئۇزۇلمەي كېلىپ كېتىپ تۇرغان خېرىدارلارغا، شۇنداقلا تىجارەت بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان دۇكاندارغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئەي، دۇكاندار، خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىڭ، — دېدى مۇھەممەدكە.

مۇھەممەد تىجارەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر دىۋانىنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن دىۋانە يەنە مۇھەممەدكە:

— ئەي خوجا، سەن قانداق ئۆلىسەن؟ — دېدى.

مۇھەممەد بۇ سۆزدىن سەل ئەندىكتى ۋە جاۋابەن:

— سەن قانداق ئۆلسەڭ، مەنمۇ شۇنداق ئۆلەرمەن — دېدى.

دىۋانە:

— ياق سەن مەندەك ئۆلمەيسەن، — دېدى.

مۇھەممەد دىۋانىدىن:

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى.

دىۋانە:

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مېنىڭ يۈكۈم يەڭگىل، قۇرۇق تېنىم ۋە ئۇنى يېپىپ تۇرغان جەندەمدىن ئۆزگە ھېچقانداق يۈكۈم يوق. مېنىڭ بۇ دۇنيا دۇكىنىنى تاشلاپ كېتىشىم ئاسان. ئەمما، سېنىڭ بولسا يۈكۈڭ ئېغىر، ھەشەمەتلىك ئىمارىتىڭ، مالغا تولغان دۇكىنىڭ، پۇلغا تولغان ھەمىيىنىڭ، خىزمەتكار ـ چاكارلىرىڭ بار. شۇنچە يۈك بىلەن مەنزىلگە قانداق يېتەلەيسەن؟ سەن ئۆز ئىشىڭنىڭ

چارىسىنى قىل، مەن بولسام مانا مۇنداق ئۆلىمەن، — دېدى - دە، بىلىدىن سۇ ئېچىدىغان جامنى ئېلىپ بېشىغا قويۇپ ياتقىنىچە جان ئۈزدى.

مۇھەممەد كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ھالدىن ھەيرانۇلال بولىدى. قەلبىگە شىددەتلىك بىر ئىزتىراپ، زىلزىلە تۇتاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تا ھازىرغىچىلىك بىخۇدلۇق ئىلكىدە كۈن ئۆتكۈزگەنلىكىنى خىرە - شىرە ھېس قىلغاندەك بولدى - دە، چەكسىز نادامەت بىلەن تىۋۋا - ئىستىغپارغا قول كۆتۈردى.

مۇھەممەد كارامەت ئىگىسى بولغان بۇ دەرۋىشنىڭ جەسىتىنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويدى. ئاندىن ئۇرۇق - تۇغقان، خىزمەتكار - چاكارلىرىنى يىغىپ بارلىق مال - مۈلكىنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەتتارلىقنى تاشلاپ، تەرىقەت يولىغا كىردى. ئەتتار دېگەن سۆز كېيىنچە ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ قالدى ھەمدە شۇ نام بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بولدى.

دەرۋىشنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەت تۇسىگە ئىگە بۇ ۋەقە ئابدۇرەھمان جامى، ئەلىشىر نەۋائىيلارنىڭ تەزكىرىلىرىدە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئەتتارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى غايەت زور بۇرۇلۇشقا يۈزلەنگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەر ئوتتۇرا ئەسىر كىشىلىرى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان، بىمەنە تۇيغۇ بەرمەيدۇ. چۈنكى، مەشھۇر شەيخلەرنىڭ ھاياتىدا ئىدىيە جەھەتتىكى بۇرۇلۇشقا سەۋەب بولىدىغان ھەرخىل ئالامەتلىك ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى

تەبىئىي ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. ئەتتارنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلانغان تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ سىرلىق مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. ئۇ روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك بىر خىرىسقا دۇچ كەلگەنىدى.

ئەتتارنىڭ تەرىقەتتىكى ئۇستازلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراش تېخى بىرلىككە كېلىنگىنى يوق. ئابدۇرەھمان جامىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەتتار دەرۋىشلىك خىرقىسىنى، يەنى دەرۋىشلىك يولىغا كىرگەنلىكىنىڭ سىمۋولى بولغان جەندىنى شەيخ نەجمىددىن كۇبرا (1145 – 1221) نىڭ ئىزباسارلىرىدىن بولغان مەجدىددىن باغدادىنىڭ قولىدىن كىيگەنلىكى مەلۇم. بەزىلەر دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى (1495 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) نىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ ئەتتارنى گەرچە دەرۋىشلىك خىرقىسىنى مەجدىددىن باغدادى قولىدىن كىيگەن بولسىمۇ، لېكىن تەرىقەت تەلىماتلىرىنى شەيخ رۇكنىددىندىن ئالغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئەتتارنى دادىسىنىڭ ئۇستازى قۇتبىددىن ھەيدەردىن تەلىم ئالغان دەپمۇ قارايدۇ. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلىرى ئابدۇرەھمان جامىنىڭ مەلۇماتى بىلەن بىردەك. نەۋائىي «نەسايىمۇل مۇھەببەت» («سۆيگۈ سەلكىنلىرى») دە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئالار شەيخ مەجدىددىن باغدادىنىڭ مۇرىتىدۇرلار ۋە ‹تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا› كىتابىكىم، ئالارنىڭ مۇسەننىفاتىدىندۇر، ئانىڭ دىباچەسىدە ئۆزلەرىنىڭ شەيخ مەجدىددىنغە ئىرادەتلەرىن زاھىر



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

قىلىپتۇرلار ۋە بەئىزى دەپتۇرلەركى، ئۇۋەيسىي ئىكەندۇرلار.»
يەشمىسى: ئەتتار شەيخ مەجدىددىن باغدادىنىڭ مۇرىتلىرىدۇر. «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (ئەۋلىيالار تەزكىرىسى) كىتابىنى ئەتتار يازغاندۇر، ئەتتار شۇ كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ شەيخ مەجدىددىنغا بولغان ئىخلاسىنى نامايان قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەيسىي ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.
بۇ يەردىكى ئۇۋەيسىي تەسەۋۋۇپقا خاس ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ تەرىقەت يولىغا كىرگەن كىشىنىڭ بىۋاسىتە ھالدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بىرەر مەشھۇر ئۆلىمانىڭ روھىناتىدىن مەدەت ۋە تەلىم ئېلىپ تاكامۇللاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، مەنبەلەردە مەجدىددىن باغدادىنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شەيخى نەجمىددىن كۇبرادىن تەلىم ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، نەۋائىي «نەسايىمۇل مۇھەببەت» تە شەيخ نەجمىددىن كۇبرا ھەققىدىكى باياناتلىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ھەزرەتى شەيخقە مۇرىدلار كۆپ ئىردىلەر، ئەمما ئالاردىن نېچەسى جەھاندا يىگانە ۋە زەماندا مۇقتەدا ۋە فەرزانە ئىردىلەر. ئانداقكى ، شەيخ مەجدىددىن باغدادى ۋە شەيخ سەئىددىدىن ھەمەۋى ۋە بابا كەمال جەندى ۋە شەيخ رەزىددىن ئەلى لالە ۋە شەيخ سەيفىددىن باخەرزى ۋە شەيخ نەجمىددىن رازى ۋە شەيخ جەمالىددىن گىيلى ۋە بەئزى دەپتۇرلاركى، مەۋلانە بەھائۇددىن ۋەلەدكى، ھەزرەتى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ ۋالىدى بولغاي ھەم ئالاردىندۇر.»
يەشمىسى: شەيخ (نەجمىددىن كۇبرا) ھەزرەتىنىڭ مۇرىتلىرى كۆپ ئىدى. ئەمما، ئۇلاردىن بىر نەچچىسى

جاھاندا يېگانە، زاماندا ئىقتىدا قىلغۇچى دانىشمەن ئىدى. ئۇلار شەيخ مەجدىددىن باغدادى، شەيخ سەئىددىن ھەمەۋى، بابا كەمال جەندى، شەيخ رەزىددىن ئەلى لالە، شەيخ سەيفىددىن باخەرزى، شەيخ نەجمىددىن رازى، شەيخ جامالىددىن گىيلىلاردۇر. بەزىلەر ھەزرىتى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ دادىسى بەھائۇددىن ۋەلەدنىمۇ ئۇنىڭ مۇرىتى دەيدۇ.

دېمەك، شەيخ مەجدىددىن باغدادى شەيخ نەجمىددىن كۇبرانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شاگىرتى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا شەيخ مەجدىددىن باغدادى قوش تەرەپلىمە ھەم باتىنى، ھەم زاھىر تەرەپتىن تەربىيىلىنىش شاراپىتىگە سازاۋەر بولغان ئىلىم ساھىبى ھېسابلىنىدۇ.

نەۋائىينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەتتارنىڭ مەسلەكدىشى، ئەتتار تەلىماتىنىڭ ئىخلاسمەن تەرغىباتچىسى جالالىددىن رۇمىنىڭ دادىسى بەھائۇددىن ۋەلەد بىلەن ئەتتارنىڭ ئۇستازى مەجدىددىن باغدادى بىر ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئەتتار بىلەن جالالىددىن رۇمى ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مەنىۋى قانداشلىقنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە تارىخى بويىچە ئەتراپلىق يېتىشكەن سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى رادىي فىشنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مەشھۇر ئايال سىياسەتۋاز، دۆلەت ئەربابى تۇركان خاتۇن مەجدىددىن باغدادىنى خارەزمشاھ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. ئەمما، ئوردىدىكى پىتنە ـ پاسات سەۋەبىدىن خارەزمشاھ مۇھەممەد، مەجدىددىن باغدادىنىڭ ۋاپاتى

مەنبەلەردە مىلادىيە 1217 ـ يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن.

تەسەۋۋۇپ تارىخىدا تەرىقەت يولىغا كىرگەن مۇرىتنىڭ بىر ئەمەس بىر نەچچە پىر ـ ئۇستازدىن تەلىم ئالغانلىقىدەك ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئەتتارنى مەيلى مەجدىددىن باغدادى، مەيلى قۇتبىددىن ھەيدەر ۋە مەيلى شەيخ رۇكنىددىنىدىن تەلىم ئالغان دېگەن قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

ئەتتار نىشاپۇردا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ھەر تەرەپلىمە ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. ئەينى چاغدا پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىدە تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بىر خىل ئاۋانگارت ئىدىيە سۈپىتىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. جۈملىدىن نىشاپۇر تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئەڭ قىزغىن مەركەزلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. مەدرىسىلەردىكى تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مۇھىم ھالقىسىنى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە روھىي پرىنسىپلىرى تەشكىل قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەتتار كىچىك چېغىدىن باشلاپلا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ روھى بويىچە تەربىيىلەنگەن ھەم ئۆزىمۇ بۇ تەلىماتقا ئۆزگىچە بىر مەنىۋى ئىشتىياق بىلەن ياندىشاتتى. بۇنى ئەتتارنىڭ ئۆزىمۇ يازىدۇ:

«بالىلىق ئەييامىدىن ئاشۇ تائىپىگە (يەنى تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە) مۇھەببىتىم شۇ قەدەر كۈچلۈك ۋە جۇشقۇن ئىدىكى، ئاشۇ تائىپىنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى مېنى ئۆزىگە تارتار، دىلىمدىن بۇ سۆزلەردىن شادلىق جىلۋىلىنەر ئىدى، ئۇ سۆزلەر قانچىلىك ئۇلۇغۋار، پەردىلەنگەن بولمىسۇن، ئۇلارنى تونۇۋالىدىغان بولغانىدىم.»

ئەتتار نىشاپۇردىكى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى باسقۇچلارنى مەلۇم پەللىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن ھەج - تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمگە سەپەرگە چىقىدۇ. ئۇ ھەج - تاۋاپ ئىشلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مىسىر، شام، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنى كېزىپ نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەيخلەرنىڭ سۆھبەت ۋە تەلىملىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن ئەۋلىيا - ئەنبىيا ھەمدە شەيخ ماشايىخلارنىڭ مۇقەددەس مازارلىرى ۋە ئۇلار ياشىغان يۇرتلارنى تاۋاپ قىلىپ ئۇلار ھەققىدىكى تارىخ ۋە رىۋايەتلەرنى، ئۇلارنىڭ ھېكمەت، ئۈگۈتلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىدۇ. ئۇلار ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇيدۇ. ئەتتار ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردە، ئەتتارنىڭ ئەنە شۇنداق مەشھۇر كىشىلەر ھەققىدە مىڭ پارچە كىتاب ئوقۇغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئەتتار ئۇزاق سەپەردىن يەنە نىشاپۇرغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ سەپەر ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر قىممەتلىك يۈكسىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ جەرياندا ئەتتار ھەر قايسى جەھەتلەردىن پىشىپ يېتىلىپ تەرىقەت تەلىماتىنىڭ پېشۋاسىغا، ئىلاھىي مەرىپەت غايىسىنى جۇشقۇن جازىبە بىلەن كۈيلەيدىغان يېتۈك شائىرغا ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا «فەرىدۇددىن» يەنى دىنىنىڭ يېگانىسى، «شەيخ» دېگەن شەرەپلىك پەخرىي ناملارغا سازاۋەر بولۇپ، مۇھەممەد فەرىدۇددىن ئىبىن ئىبراھىم شەيخ ئەتتار نىشاپۇرى دېگەن ئىسىم بىلەن

شۆھرەت قازىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەتتارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىزداشلىرىدىن بولغان مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامى ئۇنى: «ئۇنىڭ مەسنەۋىلىرى ۋە غەزەللىرىدە تەۋھىد ئەسرارى، روھ زەۋقى بىلەن ۋۇجۇد ھەقىقىتى شۇ قەدەر كۆپ ئىپادىلەنگەنكى، بۇ، تائىپىنىڭ ھېچبىرىنىڭ سۆزىدە تېپىلمايدۇ» دەپ تەرىپلىسە، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» («قەلبلەر سۆيگىنى») ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى: «ئىلاھىي مەرىپەت خەزىنىسىنىڭ جاۋاھىرلىرى بىلەن بېيىغان ۋە خەلقنىڭ تەرىپىگە ئېھتىياج سەزمىگەن»، «شېئىر يېزىشتىن مەقسىتى ئىلاھىي سىرلارنى بايان قىلىش ۋە چەكسىز مەرىپەت تارقىتىش» بولغان شەرەپلىك زاتلار قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى ئەتتارنى «سۇلتانۇل ئارىفىن» «ئارىپلار سۇلتانى» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە ئۇنى: «ئۇ شەرىئەت ھەم تەرىقەتتە يېگانە، ئىشق ۋە تەلەپكارلىق، كۆيۈش - ئۆرتىنىشتە زامانىسىنىڭ شام چىرىغى، ئىرفان دېڭىزىغا چۆمگەن، ھەقىقەت دەرياسىغا شۇڭغۇپ جاۋاھىرلار تەرگەن» دەپ يۇكسەك باھالايدۇ.

ئەتتار ئۆزىنىڭ «مەزھۇھەرۇل ئەجايىب» («مۆجىزىنىڭ كۆرۈنۈشى») ناملىق ئەسىرىدە تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبن ئەبۇتالىپقا بولغان ئىخلاسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەلى شىئە مەزھىپىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، ئەلىگە ئىخلاس قىلىش شىئە مەزھىپىگە ئىخلاس قويغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا، بۇ ھال نىشاپۇردىكى سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە ئۆلىمالارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە ئەتتار شىئە مەزھىپىنى تەرغىب قىلغانلىق، «يولدىن ئازغانلىق»

گۇناھى بىلەن ئەيىبلىنىپ دەسلەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. كېيىن جازا يېنىكلىتىلىپ ئۆيى مۇسادىر قىلىنىدۇ، ئۆزى شەھەردىن سۈرگۈن قىلىنىپ شەھەر ئەتراپىدىكى تاشلاندۇق غارلاردا تەقىب ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەتتار ياشىنىپ خېلىلا ھالىدىن قالغانىدى.

بىر كۈنى ئەتتار تۇرۇۋاتقان يەرگە ئۇنىڭ ئۇستازى مەجدىددىن باغدادىنىڭ يېقىن دوستى، سۇلتانۇل ئۆلىما (ئۆلىمالارنىڭ سۇلتانى) دەپ شۆھرەت قازانغان بەھائۇددىن ۋەلەد (1230 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ. بۇ ئۇچرىشىشنى رادىي فىش مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇچىسىغا قارىيىپ كەتكەن پەشمەت، بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيگەن، ئاجىزلاپ كەتكەن بىر بوۋاي ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ يۈرۈشىدىن ئەندىشە ئەمەس، بەلكى شىددەت چىقىپ تۇراتتى. گويا ئۇ پەۋقۇلئاددە بىر مۇھىم ئىش ئۈستىدە تۇرغاندەك، تۇيۇقسىزلا بىر ئەزىز مېھمان كېلىپ، گويا كۆرۈنمەس بىر توسۇقتا دۈچ كەلگەندەك چېپىپ توختىدى ۋە ئاستا ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئۇلار ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆچۈپ قالغان گۈلخاننىڭ ئىككى تەرىپىدە، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلغان تاشلارغا ئولتۇرۇشتى. بېشىغا سۇس مەللە رەڭلىك سەللە ئورىغان ئېگىز بويلۇق، سۇرلۇك قىياپەتلىك ئۆلىما كىگىزدىن دەرۋىشلەرچە ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن، قەددى پۈكۈلگەن شائىر لام - جىم دېمەي، بىر - بىرىگە ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇشتى.»



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com